## 26343 ـ پايپاقنى سىلىۋېتىش بىلەن تاھارەت سۇنامدۇ؟

### سۇئال

ئىنسان تاھارەت ئېلىپ پايپاققا مەسىھ قىلسا، مەسىھ قىلغان مۇددەتتە ناماز ئوقۇۇشتىن ئىلگىرى پايپاقنى سىلىۋېتىپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولامدۇ ياكى پايپاقنى سىلىۋېتىش بىلەن تاھارىتى بۇزۇلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ توغرا قارىشىدا ئۆتۈك ياكى پايپاقنى تاھارەت ئېلىپ مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىلىۋەتسە ئۇ كىشىنىڭ تاھارىتى بۇزۇلمايدۇ، ئۇنداق بولىشى: ئۇ كىشى ئۆتۈككە ياكى پايپاققا مەسھى قىلغاندا شەرئى دەلىللەرنىڭ تەقەززاسى بىلەن تاھارەتنى تولۇق ئالغان بولدى، ئەگەر ئۇنى سىلىۋەتسە، شەرئى دەلىلنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىكىتىلگەن تاھارەت بۇزۇلمايدۇ پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش شەرئى دەلىللەرنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇزىلىدۇ، مەسھى قىلىپ كەيگەن ئۆتۈك ياكى پايپاقنى سىلىۋەتسە تاھارەت بۇزىلىدۇ دەيدىغانغا ھىچ دەلىل يوق، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ كىشىنىڭ تاھارىتى بار بولىدۇ. بۇ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ۋە بىر بۆلۈك ئۆلىمالارنىڭ تاللىشىدۇر. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتۈكنى قايتىدىن كەيگەن ۋە تاھارىتى بۇزۇلغان بولسا، ئاندىن تاھارەت ئالغاندا قايتىدىن ئۇنىڭغا مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن پۇتنى يۇيۇپ تولۇق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن مەسھى قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن بىلگەنلىرىم شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

"شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ پەتىۋالار مەجمۇئەسى ۋە رەسائىللىرى" 11-توم 179-بەت. "شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ پەتىۋالار توپلىمى"21-توم 179-215-بەت